# چىركاۋدا ئۆتكۈزىلىدىغان كىرسمىس بايرىمىغا مەسچىتتە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش توغرا بولامدۇ؟

ما حكم قيام بعض المسلمين بالدعاية لعيد الكريسماس سيقام كنيسة ؟!

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

## پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

## چىركاۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان كىرىسمىس بايرىمىغا مەسچىتتە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىش توغرا بولامدۇ؟

176011-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىز تۇرۇۋاتقان رايوندىكى بىر مەسچىتتە بەزى مۇسۇلمانلار كىشىلەر كىرىسمىس بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن پالانى چىركاۋدا مۇنداق پائالىيەتلەر بولىدۇ، پالانى چىركاۋدا مۇنداق مۇكاپاتلار تارقىلىتىلىدۇ دېگەندەك ئېلانلار ئارقىلىق كىشىلەرنى چىركاۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خىرىستىئانلارنىڭ دىنى بايرىمىغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ باتىل ئەقىدىلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ھەمكارلاشماقتا. بەزى چىركاۋلار زىيارەتكە كەلگەنلەرنى ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن كۈتىۋالىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە مەسچىتتە بۇنىڭغا دەۋەت قىلىۋاتقان مەركۇز قېرىنداشلىرىمىز، چىركاۋدا نېمە ئىشلارنىڭ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بۇنداق قىلساق خاتا بولامدىكەن؟ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى كۇپۇرلۇق دەرىجىسىگە يېتەمدۇ يەتمەمدۇ؟، گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىركاۋنىڭ كۇپرىنى تارقىتىدىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىلىدۇ. بۇ ئىشلار بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلام ئەقىدىسى ۋە توغرا پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. مەسچىتتە غەيرى دىندىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتىنى راۋاجلاندۇرغانلارنى كاپىر دەپ ئاتاش ئۈچۈن يەنە ئۇلارغا دەلىل-ئىسپات كېرەك بولامدۇ؟، بۇ دىندا ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق بولغان ئىش تۇرسا، يەنە دەلىل-ئىسپات كېتەمدۇ؟ ئۇلارنى قوللىغان ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلغان كىشىلەرنىمۇ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش بىلەن كۇپۇرلۇق جىنايىتى سادىر قىلدى دېسەك توغرا بولامدۇ؟ بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز 160470-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا: تاكسىچىنىڭ خىرىستىئاندىن بىرنى چىركاۋغا ئاپىرىپ قويىشىنىڭمۇ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. چۈنكى بۇ ھەممىدىن چوڭ بولغان گۇناھ-مەسىيەتكە ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. چىركاۋ ئاشكارا ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ مەنبىيىدۇر. ھەتتا ئۇلار ئۆز قارىشى بويىچە ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى بار دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھۆكۈمدە خىرىستىئاننى چىركاۋغا ئاپىرىپ قويغان بىلەن مەستتە كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ بايراملىرىغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، بەلكى كىشىلەرنى چىركاۋدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامغا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلغاننىڭ جىنايىتى چوڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ باتىل بولغان دىنى بايراملارنى ئۆتكۈزۈشكە ياردەملەشكەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئىككى چوڭ گۇناھنى شەكىللەندۈردۇ، بىرى چېركاۋغا بېرىش، يەنە بىرى ئۇلارنىڭ دىنى بايرىمىغا قاتنىشىشتىن ئىبارەت.

بىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا 782-69558-50074-نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بىر قىسىم ئالىملار قايسى شەكىلدە بولمىسۇن خرىستىيانلارنىڭ دىنى بايراملىرىغا ياردەملىشىشنى ھارام دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن چېركاۋدا ئۆتكۈزىلىدىغان كىرىسمىس بايرىمى بولسا، بىز 146678- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغان مەزكۇر دىنى بايرامنىڭ ئەينى كۆرۈنىشىدۇر.

خرىستىيانلارنىڭ دىنى بايراملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان، كىشىلەرنى شېرىك-كۇپۇر ئورۇنلىرىغا باشلاپ قويىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىشى بەك خەتەرلىك، ھەقىقەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشى ئارقىلىق زور خاتالىق ۋە چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولدى.

دائىمى كومىتېتتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى شەكىلدە بولسۇن كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا ھەمكارلىششى توغرا بولمايدۇ، بۇنىڭ جۈملىسىدىن: ئۇلارنىڭ دىنى بايراملىرىنى ئاشكارا قىلىش، ئېلان قىلىش، قايسى شەكىلدە بولسۇن تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلار. [پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئال- شەيخ، شەيخ ئابدۇللاھ غۇدەييان، شەيخ سالىھ ئەلپەۋزان ۋە شەيخ بەكىر ئەبۇ زەيد قاتارلىقلار. "دائىمى كومىتېتت پەتىۋاسى"(409/26)].

خرىستىيانلار ئۆتكۈزىۋاتقان كىرىسمىس بايرىمى ئاللاھ تائالا ئاتىسىز ياراتقان پەيغەمبەر ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان مۇناسىۋەتتى بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان بايرام شۇمۇ؟ دېيىلسە، جاۋاپ: ياق، ئۇ ئەمەس. بەلكى كىرىسمىس بايرىمى بولسا خرىستىيانلار قارىشىدىكى ئاتالمىش پەرۋەردىگار ئىسانىڭ ياكى پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈن پائالىيىتى. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن پاكتۇر ۋە ھەممىدىن ئالىدۇر. مۇسۇلمانىنىڭ باشقىلار ئىلاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان بىر پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئىشتىراك قىلىش دەپ ئېتىقاد قىلىشى توغرا بولىدۇ؟!. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىدىن پاكتۇر.

شۇنداقتىمۇ ئۇلار خرىستىيانلارنىڭ دىنىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېلان-تەشۋىقات خىزمەتلىرى، ئۇلارنى ئىسلام مىللىتى دائىرىسىدىن چىقىرۋېتىدىغان كۇپىرنىڭ دەرىجىسىگە ئېلىپ بارمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنى بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن بىراقلا ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرۋېتىدىغان چوڭ كۇپىرنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزمەيمىز، قاراپ باقىمىز: ئەگەر ئۇلارنى بۇ قىلمىشىدىن چەكلىسەك ۋەز-نەسىھەت قىلساق ئۇلار خاتالىقىنى تونۇپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلىسا ئۇلارغا قىلغان ئىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن كۇپايە قىلىمىز. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى كاپىر ياكى كاپىر ئەمەس دېگەن ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، مۇھىمى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ خاتا-ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇلارنى چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ مەزكۇر ئىشلىرىدىن چەكلىسەك شۇ يېتەرلىك بولىدۇ. بۇ مەزمۇندا تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 69811-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنىسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com